السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# سەدىقە ھەققىدىكى ئايەت چۈشكەندە بىز ھامماللىق قىلىپ جېنىمىزنى باقاتتۇق، بىر كۈنى بىر كىشى كېلىپ نۇرغۇن نەرسىنى سەدىقە قىلدى، كىشىلەر: «رىياخۇر» دېيىشتى، يەنە بىر كىشى كېلىپ بىر «سا» نەرسە سەدىقە قىلدى، كىشىلەر: «ئاللاھ ئۇنىڭ بىر «سا» نەرسىسىدىن بىھاجەتتۇر» دېيىشتى، شۇ ۋاقىتتا: { (مۇناپىقلار)مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى مەردلىك بىلەن (كۆپ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە (يەنى كەمبەغەل بولغانلىقتىن ئاز) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ } دېگەن ئايەت نازىل بولدى

ئەبۇ مەسئۇد ئۇقبە ئىبنى ئەمرۇ ئەنسارى بەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: سەدىقە ھەققىدىكى ئايەت چۈشكەندە بىز ھامماللىق قىلىپ جېنىمىزنى باقاتتۇق، بىر كۈنى بىر كىشى كېلىپ نۇرغۇن نەرسىنى سەدىقە قىلدى، كىشىلەر : «رىياخۇر» دېيىشتى، يەنە بىر كىشى كېلىپ بىر سا نەرسە سەدىقە قىلدى، كىشىلەر: «ئاللاھ ئۇنىڭ بىر سا نەرسىسىدىن بىھاجەتتۇر» دېيىشتى، شۇ ۋاقىتتا:{ (مۇناپىقلار) مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى مەردلىك بىلەن (كۆپ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە (يەنى كەمبەغەل بولغانلىقتىن ئاز) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ } دېگەن ئايەت نازىل بولدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: سەدىقە ھەققىدىكى ئايەت نازىل بولغاندا، يەنى: سەدىقە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان ئايەت. ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ: ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ: { (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن} دېگەن ئايەتكە ئىشارەت قىلىدۇ دېگەن. (تەۋبە سۈرىسى 103- ئايەت). ساھابىلار ئۆزلىرىنىڭ سەدىقىلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئالدىراپ ئەكىلىپ بېرىشكە باشلىدى، ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ كۈچىنىڭ يىتىشچە قىلغان سەدىقىلىرىنى ئېلىپ كىلىشتى، بەزىلەر سەدىقىدىن كۆپ نەرسە ئېلىپ كەلدى، يەنە بەزىلەر سەدىقىدىن ئاز بىر نەرسە ئېلىپ كەلدى، مۇناپىقلار كۆپ سەدىقە ئېلىپ كەلگەن كىشىنى: «بۇ رىياخۇرلۇق قىلدى، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى مەقسەت قىلمىدى» دېيىشتى، ئاز سەدىقە ئېلىپ كەلگەن كىشىنى: «ئاللاھ ئۇنىڭ سەدىقىسىدىن بىھاجەتتۇر» دېيىشتى. بىر كىشى بىر «سا» نەرسىنى ئېلىپ كېلىۋىدى، مۇناپىقلار: «ئاللاھ سېنىڭ مۇشۇ بىر «سا» نەرسەڭدىن بىھاجەت» دېيىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا: «(مۇناپىقلار)مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى مەردلىك بىلەن (كۆپ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى، تاقىتىنىڭ يېتىشچە (يەنى كەمبەغەل بولغانلىقتىن ئاز) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى، يەنى: مۇناپىقلار مەردلىك بىلەن (كۆپ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى، تاقىتىنىڭ يېتىشچە ئاز سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنىمۇ ۋە بۇلارنىمۇ مەسخىرە قىلىدۇ، (ئاللاھ ئۇلارنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن جازالايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ)، ئۇلار مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلدى، ئاللاھ ئۇلارنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن جازالىدى، ئاللاھ ساقلىسۇن